## 145665 ـ تەۋرات ۋە ئىنجىلنى تۈۋەن كۆرۈشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا

### سۇئال

قۇرئان كەرىم پارچىلىرىنى تاشلىۋېتىشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى بىلمەن، لېكىن بىز ئۇنى مەلۇم يوللار بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرىمىز، ئەمدى ئىنجىل ۋە تەۋراتنىڭ پارچىلىرىنى تاشلىۋەتسەك هارام بولامدۇ ياكى ئۇنىمۇ مۇهاپىزەت قىلىش كېرەكمۇ؟.
بۇ هەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدهىيلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاهقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساهابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاهنىڭ رەهمەت سالاملىرى بولسۇن.

1–مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئاللاهنىڭ بارلىق پەيغەمبەر–ئەلچىلىرىگە، نازىل قىلغان بارلىق كىتاپلىرىغا ئىشىنىشى ۋاجىپ بولىدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاه تائالا مۇنداق دەيدۇ: **آمَنَ الرَّسُولُ بِمَا أُنْزِلَ إِلَيْهِ مِنْ رَبِّهِ وَالْمُؤْمِنُونَ كُلٌّ آمَنَ بِاللَّهِ وَمَلَائِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ لَا نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِنْ رُسُلِهِ** تەرجىمىسى: «پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۆمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ هەممىسى ئاللاهقا ۋە ئاللاهنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى.(ئۇلار) «ئاللاهنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ هېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز(يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز)»دەيدۇ» [سۈرە بەقەرە 285–ئايەت].

"مۇئمىنلەر، ئاللاه تائالانىڭ يەككە–يېگانە ئىكەنلىكىگە، ئاللاهدىن باشقا ئىلاه ۋە رەبنىڭ يوق ئىكەنلىكىگە، بارلىق پەيغەمبەرلەر ۋە ئەلچىلەرگە، ئاللاه تائالا ئاسماندىن ئۆزىنىڭ ئەلچىلىرى ۋە پەيغەمبەرلىرىگە نازىل قىلغان بارلىق كىتاپلارغا ئىشىنىدۇ". [تەپسىر ئىبنى كەسىر" 1–توم 736–بەت].

ئاللاه تائالا بىزگە ئەهلى كىتابنىڭ تەۋرات ۋە ئىنجىلنى ۋە ئاللاهنىڭ كالامىنى ئۆزگەرتكەنلىكىدىن خەۋەر بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۆزگەرتىش كىتابنىڭ هەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، هازىرغىچە يەنىلا ئۇ كىتابلاردا هەق بولغان ئەسلى كەلىمىلەرمۇ بار، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى تۈۋەن كۆرۈش، كۆزگە ئىلماسلىق توغرا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ كىتابلار هازىرمۇ ئاللاهنىڭ هەق سۆزلىرىنى ۋە بەزى ئىسىم، سۈپەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

هەيتەمى "تۇهپەتۇلمۇهتاج"ناملىق ئەسەر 1–توم 178–بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "هەق سۆز: ئۇ ئىككى كىتابتا ئۆزگەرتىلمىگەن ۋە بىز دىنىمىزدىن ئۆگەنگەن بىلىمگە مۇۋاپىق كېلىدىغان نەرسە بار دەپ قارالمايدۇ".

خەتىپ شىبرىينى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئۇنىڭ پارچىسىنى ئېھتىرام قىلمىسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ. قازى: تەۋرات ۋە ئىنجىلنىڭ ئاللاھنىڭ ئىسىم۔سۈپەتلىرىدىن خالى بولغان پارچىلىرىغا ئېھتىرام قىلمىسىمۇ دۇرۇس دەپ قارىغان. ["مۇغنى مۇھتاج" 1-توم 162-163-بەت].

خەرشىي "مۇختەسەر" 8-توم 63-بەتتە مۇنداق دېگەن: "ئاللاھنىڭ ئىسىملىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسىملىرى ئېھتىرام قىلىشتا قۇرئان كەرىمگە ئوخشاشتۇر".

ھەتتاب"مەۋاھىبۇل جەلىيل" 1-توم 287-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "ئاللاھنىڭ ئىسىم۔سۈپەتلىرى؛ ئىھانەت قىلسا دۇرۇس بولىدىغان ئۆزگەرتىلگەن ئىنجىل ۋە تەۋراتقا يېزىلغان بولسىمۇ ئۇنى ئېھتىرام قىلىش زۆرۈر بولىدۇ. ئۇنى كۆيدۈرۈۋېتىش ياكى سۇغا ئېقىتىۋېتىش كېرەك. ئاللاھنىڭ ئىسىملىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئىھانەت قىلىش توغرا بولمايدۇ".

ئىككىنچى: مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئىلگىرىكى كىتاپلارغا قانائەت قىلىشى توغرا بولمايدۇ، لېكىن ئالىملار بولسا ئۇنى ئوقۇپ ئارىسىدىن ئۆزگەرتكەن ۋە يالغاننى چىقىرىش ئۈچۈن كۆڭۈل بۆلسە بولىدۇ.

جابىر بىن ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: ئۆمەر بىن خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئەھلى كىتابنىڭ بەزىسىدىن ئالغان تەۋراتنىڭ پارچىسىنى ئېلىپ كېلىپ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا ئوقۇپ بەرگەن ئىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ بەك ئاچچىقى كېلىپ: «ئەي خەتتابنىڭ ئوغلى! ئۇنىڭغا ئەقلىڭلار كېتىپ قالدىمۇ؟، مېنىڭ جېنىم قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى! ھەقىقەتەن مەن سىلەرگە سۈپ۔سۈزۈك ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدىم، سىلەر ئەھلى كىتابتىن بىر نەرسە سورىماڭلار، ئۇلار سىلەرگە ھەقىقەتنى خەۋەر قىلسا، يالغان چىقىرىپ، باتىلنى سۆزلىسە ئىشىنىپ قالىسىلەر، مېنىڭ جېنىم قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى! ئەگەر مۇسا ئەلەيھىسسالام ھازىر ھايات بولغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ماڭا ئەگىشىشتىن باشقا يول يوق ئىدى، دېدى». [ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى 14736-ھەدىس. شەيخ ئەلبانى ھەسەن دەپ "ئىرۋائۇل غەلىل" 6-توم 34-بەتتە كەلتۈرگەن.

بىز ئەھلى كىتابنىڭ ئىنجىل، تەۋرات قاتارلىق كىتاپلىرىنىڭ پارچىلىرىنى ئۇچرىتىپ قالساق، ئۇنىڭغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ ساقلىۋېلىشىمىز ياكى كۆزگە ئىلماي ئاھانەت قىلىشىمىز توغرا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا ئاللاھ تائالانىڭ بەزى ئىسىم، سۈپەتلىرى شۇنداقلا ئەھلى كىتاپ ئۆزگەرتمىگەن ئاللاھنىڭ سۆزلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى كۆيدۈرۈۋېتىشىمىز كېرەك بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.